# 13532 ـ ئاللاھنىڭ بىرلىكى

## سۇئال

ئاللاھنىڭ بىرلىكى ھەققىدە مۇشرىكلارغا ( ئاللاھقا باشقىلارنى شىرىك قىلىدىغان كۆپ خۇداچىلار ) دەلىل بىرىش مۇمكىنمۇ ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

پۈتكۈل كائىنات ئۆزىنىڭ يارىتىلىشى ۋە تىزگىنلىنىشى جەھەتتىن ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دەلىل بولىدۇ :

شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئ�زىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، الله كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللهنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر . [ ئىگىزلىك( ئەئراف) : 54 ]

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ،جانسىز شەيئىلەرنىڭ ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ، مېۋە ـ چىۋىلەرنىڭ ھەرخىل تۈرلىرى ،ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ يارىتىلىشى....بۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭداشسىز ياراتقۇچىنىڭ بىر ،ھېچقانداق شېرىكى يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ :

ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، قانداقمۇ (الله غا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ [ كەچۈرگۈچى ( غافىر) : 62 ]

بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەرخىللىقى ۋە كاتتىلىقى ، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى مۇكەممەللىك، ئۇلارنىڭ قوغدىلىنىشى ۋە تىزگىنلىنىشى، ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ بىر ،خالىغىنىنى قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە باشقۇرىدىغانلىقى ۋە قارار قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ :

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر، الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ــ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر . [ زۇمەر : 62 ]

يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى بۇ كائىناتنىڭ بىر ياراتقۇچىسى بارلىقىنى ، بۇ ھۆكۈمرانلىقنىڭ بىر پادىشاھى بارلىقىنى ، بۇ شەكىللەرنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارغا شەكىل بەرگۈچىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ :

الله (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت

بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر . [ سۈرگۈن قىلىش ( ھەشر ) : 24 ]

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ساق تۇرۇشى ،كائىناتنىڭ تەرتىپلىكى ،مەخلۇقاتلاردىكى ماسلىق ،ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ بىر ،ھېچقانداق شېرىكى يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ :

ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا الله دىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر . [ پەيغەمبەرلەر : 22 ]

بۇ كاتتا مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆزىنى يارىتىشى مۇمكىن ئەمەس ، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى يارىتىشى ئاندىن ئۇلارنى يارىتىشىمۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس :

ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئ؟زلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ (35). ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (الله نىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ .

[ تاغ ( تۇر ): 35–36 ]

ئەقىل ، ئىلھام (ۋەھى) ، تەبىئەت (فىترەت) بۇ كائىناتنىڭ بىر بارلىقتا كەلتۈرگۈچىسى بارلىقىنى، بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەمىشە ھايات، مەڭگۈ تۇرىدىغان، ھەممىنى بىلگۈچى ، ھەممىدىن خەۋەردار ، بەقۇۋۋەت،ھەممىدىن غالىپ ،شەپقەتچى ۋە ئەڭ مېھرىبان بىر ياراتقۇچىسى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ .ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئەڭ يۈكسەك سۈپەتلىرى بار ھەممە ئۇ ھەممە نەرسىلەرنى بىلىدۇ .ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ كونتىرولى سىرتىدا ئەمەس،ھەممە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق :

سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر . [ كالا : 163 ]

ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقى بىرنەرسىكى ، بىلمەسلىككە ھېچقانداق بانا يوق . ئۇ ئىنتايىن چۈشىنىشلىك مەسىلىدۇر :

« پەيغەمبەرلىرى: ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى الله نىڭ (بىرلىكىدە) شەك بارمۇ؟ دېدى . [ ئىبراھىم : 10 ]

ئاللاھ كىشىلەرنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان تۇغما تەبىئەت بىلەن ياراتقان ، بىراق شەيتانلار ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ قىشىغا كەلدى ھەممە ئۇلارنى دىنىدىن بۇرىۋەتتى . بىر ھەدىس قۇدۇستا : مەن بەندىلىرىمنى توغرا يولدا ماڭغۇچى( بىر خۇداچى) قىلىپ ياراتتىم ، بىراق شەيتانلار ئۇلارنىڭ قىشىغا كەلدى ھەممە ئۇلارنى دىنىدىن بۇرىۋەتتى ، ھەممە ئۇلار مەن ئۇلارغا رۇخسەت قىلغان نەرسىنى چەكلىدى . دېيىلگەن .(مۇسلىم نەقىل قىلغان ،2865–)

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلارمۇ ، شەيتانغا ئىبادەت قىلغۇچىلارمۇ ھەممە ئادەمگە ئىبادەت قىلغۇچىلارمۇ بار . ۋە يەنە پۇلغا ، ياكى ئوتقا ، ياكى جىنسىي ئەزاغا ، ياكى ھايۋانغا ئىبادەت قىلغۇچىلار بار .

يەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زېمىندىكى تاشنى ياكى ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ئاللاھقا بولغان ئىبادەتكە شېرىك قىلغۇچىلار بار .

ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنغان بۇ نەرسىلەر بىر نەرسە يارىتالمايدۇ ياكى رىزىق بېرەلمەيدۇ؛

ئۇلار ئاڭلىيالمايدۇ ياكى كۆرەلمەيدۇ ، ياكى پايدا ئىلىپ كېلەلمەيدۇ ياكى زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ .شۇڭا ئۇلار قانداقسىگە ئاللاھنى قويۇپ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىدۇ ؟

« تۆرمىداش ئاغىنىلەر! تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر الله ياخشىمۇ؟

» [ يۇسۇف : 39 ]

ئاللاھ بۇ ئاڭلىيالمايدىغان ،كۆرەلمەيدىغان ، ياكى پىكىر يۈرگۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنى ئەيىپلىدى :

« سىلەر الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن (194). ئۇلار (يەنى بۇتلار) نىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ ۋە ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شېرىكلىرىڭلارنى (يەنى بۇتلىرىڭلارنى ماڭا قارشى) چاقىرىڭلار، ئاندىن (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) ماڭا زىيانكەشلىك قىلىڭلار، ئازراقمۇ مېھلەت بەرمەڭلار (مەن الله غا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن).

» [ ئىگىزلىك ( ئەئراف) : 194–195 ]

(ئى مۇھەممەد!) سىلەر الله دىن باشقا سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ دېگىن. الله بولسا (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر .» [ داستىخان (مائىدە) : 76 ]

ئىنسان ئۆزىنى ياراتقان ئە ئۇنىڭغا رىزىق بېرىدىغان پەرۋەردىگارىنى ئىمانچىۋالا تونۇمىغان ـ ھە ! ... ئۇ قانداقسىگە ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ ،ئۇنى ئۇنتىيدۇ ھەمدە ئۇنى قويۇپ باشقىلارغا ئىبادەت قىلىدۇ :

ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ) . [ ھەج : 46 ]

ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا شېرىك قىلغان نەرسىلىرىدىن پاكتۇر . مەدھىيە دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا بولسۇن :

« جىمى ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر! ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە ئامانلىق تىلەيمەن! دېگىن. الله ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟ (59) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر (60). زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن)تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ (61). بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر (62). قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتىدىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن)ئىلگىرى شاماللارنى بىشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىم؟ الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ

ئىلاھ يوقتۇر) اللە ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر (63). (ئىنسانىنى) دەسلەپتە خەلق ئەتكەن، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان كىم؟ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان كىم؟ اللە دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئېيتقىنكى، (ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىلىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار » [ چۈمۈلىلەر(نەمل): 59–64 ] .